# 130711 ـ كىچىك گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئۇنى چوڭ گۇناھقا ئىلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئىسلامدا ئىككى تۈرلۈك گۇناھ بار، بىرى چوڭ گۇناھ، يەنە بىرى كىچىك گۇناھ. مېنىڭ سوئالىم: قولى بىلەن ئىستىمنا قىلىش، شەھۋانە فېلىملەرنى كۆرۈش چوڭ گۇناھ ھېسابلىنامدۇ ياكى كىچىك گۇناھ ھېسابلىنامدۇ؟، ئاشۇ ئاسىيلىقنىڭ ئاخىرەتتە جازاسى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

ھەرقانداق مۇئمىن بۇنداق سۈرەت، شەھۋەتنى قوزغايدىغان فىلىملەرنى كۆرۈشتىن يىراق تۇرۇش كېرەك، چۈنكى بۇ ئىشلار ئىستىمنا ۋە زىنا قاتارلىق ئاسىيلىققا تۈرتكە بولىدۇ، ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنداق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم. شەكسىز بۇنداق پىلىملەرنى كۆرۈش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش چوڭ گۇناھ بولىدۇ، چۈنكى داۋام قىلغان گۇناھ كىچىك گۇناھ بولمايدۇ. كىچىك گۇناھنى داۋاملاشتۇرغان ئۇنى داۋاملاشتۇرغانلىق سەۋەبىدىن چوڭ گۇناھقا چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمما بىر قېتىم قىلىپ قالغان ياكى قاراپ قالغان بولسا بۇ كىچىك گۇناھ بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئىستىمنا شەھۋەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن بىر قېتىم بولۇپ قالسا، ئاللاھ ئەپۇ قىلغاي چۈنكى ئۇ كىچىك گۇناھ بولىدۇ، ئەمما ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش چوڭ گۇناھ بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇللاھ بىن جەبرىين رەھىمەھۇللاھ.